## 22658 ـ ھەج ئايلىرىدا ئۆمرە قىلىش توغرىسىدا

### سۇئال

بۇ يىل ھەج قىلمىساممۇ ھەج ئايلىرىدا ئۆمرە قىلىش توغرا بولامدۇ؟. مىسالغا ئالساق: ھەجدىن ئىككى ھەپتە ئىلگىرى مەككىگە كېلىپ ئۆمرە قىلىپ، ھەج قىلماستىن قايتىپ كەتسەم توغرا بولامدۇ؟، بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر.

كىمكى ئۆمرىدىن كېيىن ھەج قىلىشنى مەقسەت قىلسۇن ياكى قىلمىسۇن، ھەج ئايلىرىدا ئۆمرە قىلسا دۇرۇس بولىدۇ. بۇ توغرىدا ئىسلام ئالىملىرىنىڭ كۆزقاراشلىرىدا ئىختىلاپ يوق

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام تۆت قېتىم ئۆمرە قىلغان، ھەممىسىنى زۇلقەئدە ئېيىدا (ھىجرىيە 11-ئايدا) قىلغان. شەۋۋال، زۇلقەئدە ۋە زۇلھەججە قاتارلىق ئايلار ھەج ئايلىرى ھېسابلىنىدۇ. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام پەقەت ئاخىرقى قېتىم ئۆمرە قىلغان يىلى ھەج قىلغان يەنى باشقا ئۆمرە پائالىيەتلىرىدىن كېيىن ھەج قىلمىغان.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھاياتىدا تۆت قېتىم ئۆمرە قىلغان، ئاخىرقى ھەج بىلەن قىلغان ئۆمرىدىن باشقىسىنى زۇلقەئدە ئېيىدا قىلغان. ھۇدەيبىيە كېلىشىمىدىن كېيىنكى ئۆمرە، ئۇنىڭدىن كېيىنكى يىلى قىلغان ئۆمرە، ھۇنەيىن غازىتىدىن كېيىن غەنىمەتلەرنى تەقسىم قىلىپ بولۇپ، جەئرانىدىن قىلغان ئۆمرە، ھەج بىلەن بىرگە قىلغان ئۆمرە قاتارلىقلاردىن ئىبارەتتۇر. [بۇخارى رىۋايىتى 4148-ھەدىس. مۇسلىم رىۋايىتى 1253-ھەدىس].

ئىمام نەۋەۋىي رەھىمەھۇللاھ مۇسلىمنىڭ شەرھىيسىدە مۇنداق دەيدۇ: "سۆزنىڭ خۇلاسىسى: ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ تۆت قېتىم ئۆمرە قىلغانلىقىغا ئىتتىپاقلىقا كەلگەن. بىرىنچىسى: ھىجرىيىنىڭ 6-يىلى زۇلقەئدە ئېيىدا ھۇدەيبىيىدە ئۆمرە سەپىرى توسقۇنلۇققا ئۇچرىغان، شۇ جايدا ئىھرامدىن چىققان بولۇپ، بۇمۇ ئۇلار ئۇچۇن ئۆمرە ھېسابلىنىدۇ. ئىككىنچىسى: ھىجرىيىنىڭ 7-يىلى زۇلقەئدە ئېيىدا قىلىنغان قازا ئۆمرە. ئۈچىنچىسى: ھىجرىيىنىڭ 8-يىلى مەككە پەتھ قىلىنغان يىلى. تۆتىنچىسى: ئاخىرقى ھەج بىلەن قىلغان ئۆمرە بولۇپ، زۇلقەئدە ئېيىدا ئىھرامغا كىرگەن، ئەمما پائالىيەتنى زۇلھەججە ئېيىدا قىلغان".

ئىمام نەۋەۋىي يەنە مۇنداق دەيدۇ: "ئۆلىمالار مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ھەممە ئۆمرىنى زۇلقەئدە ئېيىدا قىلىشى،

بۇ ئاينىڭ ئۇلۇغ ئاي بولغانلىقى، شۇنداقلا جاھىلىيەت ئەھلىگە قارشى ھالدا ئىبادەت قىلىشىدۇر. چۈنكى ئۇلار زۇلقەئدە ئېيىدا ئۆمرە قىلىشنى بەك ئېغىر گۇناھ دەپ قارايتتى. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ زۇلقەئدە ئېيىدا تەكرار ئۆمرە قىلغانلىقى ھەج ئايلىرىدا ئۆمرە قىلىشنىڭ دۇرۇسلىقىنى ۋە جاھىلىيەت قارشىسىنىڭ ھەقىقەتەن باتىل ئىكەنلىكىنى ئوچۇق ئاشكارا بايان قىلىپ بەرگەنلىكىدۇر".